# ILAHI QORGHAN DUA

WWW.TUCOO.COM

# ئىلاھى قۇرغان
# دۇئا

WWW.TUCOO.COM

# مۇندەرىجە

ئەمەللەرنىڭ خاسىيەتلىرى... ... ... ................................................ ...4
قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ خاسىيتى.................. ...........................4
فاتىھە، ئايەتۇلكۇرسى، «ئامەنەر رەسۇلۇ»نىڭ خاسىيتى............................5
سۈرە (تابارەك)مۇلۇكنىڭ خاسىيتى............ .........................................6
كافىرۇن، فەلەق ، ئىخلاس، ناس سۈرىلىرىنىڭ خاسىيتى..........................7
« ئەئۇزۇ..» ، « بىسمىللا..» كەلىمىسىنىڭ خاسىيتى.................................9
«لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» كەلىمىسىنىڭ خاسىيتى..........................10
«لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىين » تىنىڭ خاسىيتى.....11
ئەسماۇلھۇسنانىڭ خاسىيتى...........................................................12
كەلىمە تەۋھىدنىڭ ، كەلىمە تەمجىدنىڭ خاسىيتى.........................................12
ئىستىغپار ، تەسبىھ، تەھلىل ئوقۇشنىڭ خاسىيتى........................................14
قالغان نامازنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا..............................................15
سەجدە ئايەتلىرىنىڭ خاسىيتى.........................................................16
دۇئا ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى...........................................................16
ئەۋرادى پەتھىييەنىڭ، دۇئايى گەنجۇل ئەرشىنىڭ خاسىيەتلىرى.........................23
دۇرۇد ئوقۇشنىڭ خاسىيتى.........................................................23
ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى.........................................26
كۇندىلىك ئىبادەت ئۈچۈن پەزىلەتلىك موھىم ئەمەل خەتمە.............................28
نەپلە نامازنىڭ پەزىلىتى......................................................................31
قۇرئان كەرىمدىن تاللانما................................................................34
سۈرە پاتىھە، ئايەتەلكۇرسى، ئامەنەر رەسۇلۇ ........ ..........................34

سۈرە ياسىن........................................ . ......................................37
سۈرە راھمان........................................ ......................................41
سۈرە مۈلۈك....................................................................................43
سۈرە مۈززەممىلۇ..............................................................................45
ئاخىرقى ئون سۈرە.............................................................................46
ئايىتى شىپاھ ، سەجدە ئايەتلىرى .........................................................48
ئەسمائۇلھۇسنا....................................................................................51
ئەۋراد فەتھىيىە.................................................. . ..............................58
دۇئايى گەنجۇل ئەرشى.........................................................................68
دۇرۇدى ئەكبەر...................................................................................73
دۇرۇدى شىرىف ھازىر..........................................................................84
دۇرۇدى شىرىف مۇستەغاس...................................................................84
نامازدىكى دۇئالار................................................................................92
قۇرئان كەرىمدىن تاللانغان دۇئالار.........................................................97
ھەدىس شىرىفتىن تاللانغان دۇئالار.......................................................101
ئىلىم ئەھلىنىڭ دۇئالىرى.....................................................................107
«ئىلاھى قورغان دۇئا» ناملىق كىتاپتىكى ئەھلى سالىھلارنىڭ ۋئاسى.................109

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم

## ئەمەللەرنىڭ خاسىيەتلىرى

### قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ خاسىيىتى

6705 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر قەۋم اللەنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، اللەنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىشىپ ئولتۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، رەھمەت ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پەرىشتىلەر چۆرىدەپ تۇرىدۇ، اللە ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ. (مۇسلىم: 2699 )

6712 - ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغان كىشى سەدىقىنى ئاشكارا بەرگەن كىشىگە، قۇرئاننى ئىچىدە ئوقۇغان كىشى بولسا، سەدىقىنى مەخپىي بەرگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. (تىرمىزى: 2919 )

6715 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، قۇرئان كېلىپ: ئى رەببىم ! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن! دەيدۇ. ئۇنىڭغا كارامەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيادە ئىلتىپات قىلغىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا كارامەت تونى كىيدۈرۈلىدۇ، ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن! دەيدۇ .اللە ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن! دېيىلىپ، ھەر بىر ئايەتكە بىر دەرىجە قوشۇپ بېرىلىدۇ. (تىرمىزى: 2915 )

6716 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىگە: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن، دۇنيادا ئوقۇغاندەك تىلاۋەت قىلىۋەرگىن. مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەتكىچە بولىدۇ، دېيىلىدۇ. (تىرمىزى: 2914 )

6717 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇشقا ماھىر (يەنى يادقا ۋە مۇكەممەل ئوقۇيالايدىغان ) كىشى ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ .قۇرئاننى دۇدۇقلاپ قىينىلىپ ئوقۇيدىغان كىشىگە بولسا، قوش ئەجىر بېرىلىدۇ. (مۇسلىم: 798 )

6720 - ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر. (بۇخارى: 5027 )

## فاتىھە سۈرىسىنىڭ خاسىيتى

6733 - ئەبۇ سەئىد ئەلمۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىردى. مەن جاۋاب بەرمەي، نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! مېنى چاقىرغان ۋاقتىتا ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، دېسەم، ئۇ: اللە: (ئى مۇئمىنلەر! اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان نەرسىگە چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار ) ( سۈرە ئەنفال، 24 - ئايەت. ) دېگەن ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئاندىن: مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن، مەن ساڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن، دېدى. ئاندىن قولۇمنى تۇتتى .مەسجىدتىن چىقىدىغان چاغدا، مەن: ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويماقچى ئىدىڭغۇ؟ دېسەم، ئۇ: ھەئە، ئۇ سۈرە: (جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر) ( سۈرە فاتىھە، 1 ـ ئايەت .). ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە ۋە ماڭا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر، دېدى . (بۇخارى: 4474 )

6735 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ ئانىسى، كىتابنىڭ نېگىزى ۋە نامازدا تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەتتۇر. (ئەبۇ داۋۇد: 1457 )

## ئايەتۇلكۇرسىنىڭ خاسىيتى

6743 - ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن: ئى ئەبۇ مۇنزىر! سەن ياد ئالغان ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ دەپ سورىغانىدى، مەن: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ئى ئەبۇ مۇنزىر! سەن ياد ئالغان ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ دەپ سورىدى، مەن: ئايەتۇلكۇرسى، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئىلمىڭگە مۇبارەك بولسۇن! دېدى. (مۇسلىم: 810 )

## «ئامەنەر رەسۇلۇ» نىڭ خاسىيتى

6741 - ئەلقەمە مۇنداق دەيدۇ: كەئبىنى تاۋاب قىلىۋېتىپ، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېيتىپ بەردى: كىمكى كېچىسى سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇيدىكەن، ھەرقانداق ئىشىغا كۇپايە قىلىدۇ. (بۇخارى: 5051 )

6736 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمان تەرەپتىن خۇددى دەرۋازا ئېچىلغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇ ئاسماننىڭ ھېچقاچان ئېچىلىپ باقمىغان بىر دەرۋازىسى ئىدى، بۈگۈن ئېچىلدى، دېدى. ئۇنىڭدىن بىر پەرىشتە چۈشتى، جىبرىئىل: بۇ بۈگۈندىن باشقا چاغدا زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغان پەرىشتە، دېدى، ئۇ پەرىشتە سالام قىلىپ: ساڭا خۇشخەۋەر! ساڭا ئىلگىرى ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنمىغان ئىككى نۇر ئاتا قىلىندى، ئۇلار قۇرئاننىڭ فاتىھە سۈرىسى بىلەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى دۇر. ئۇنىڭدىكى بىرەر ھەرىپ ئوقۇپ، تىلىكىڭنى سورىساڭمۇ، ئىجابەت قىلىنماي قالمايدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 806 )

## سۈرە (تابارەك)مۇلۇكنىڭ خاسىيتى

6755 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ،

ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە تاكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغانغا قەدەر، شاپائەت قىلىدۇ. ئۇ مۇلك سۈرىسىدۇر.(تىرمىزى: 2891 )

6769 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۇلكنى ئوقۇماي ياتمايتتى .

تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى سۈرە پەزىلەت جەھەتتە قۇرئاندىكى پۈتۈن سۈرىلەردىن يەتمىش ھەسسە ئارتۇق. (تىرمىزى: 2892 )

6770 - ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ. سۈرە مۇلك (ئۇنى) تىلاۋەت قىلغۇچىنى (قەبرىدە ۋە قىيامەت كۈنىدە) ئاقلايدۇ. (مالىك: 487 )

## ئىخلاس سۈرىسىنىڭ خاسىيىتى

6758 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىركىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ھەر دائىم سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلدى دە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ (سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ، دېدى. (بۇخارى: 6643 )

6759 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: يىغىلىڭلار! مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن، دېدى. دەررۇ يىغىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ بېرىپ كىرىپ كەتتى. بىز: "ۋەھىي كېلىپ قالغاچقا، كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ "دېيىشكىنىمىزچە بىر بىرىمىزگە قاراشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە چىقىپ: مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن دېگەن ئىدىم. دىققەت قىلىڭلار، ئۇ (يەنى سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 643 )

6762 ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ

قېلىپ: ۋاجىب بولدى، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ ! نېمە ۋاجىب بولدى؟ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جەننەت، دېدى. (تىرمىزى: 2897 )

## كافىرۇن، فەلەق ، ناس سۈرىلىرىنىڭ خاسىيىتى

6763 - ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: ماڭا شۇنداق ئايەتلەر نازىل قىلىندىكى، ئۇنىڭدەك ئايەتلەر قەتئىي كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، ئۇلار مۇئەۋۋىزەتەيىن (يەنى فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى)دۇر. (مۇسلىم: 6643 )

7573 - ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنلاردىن ۋە ئىنسانىنىڭ كۆزىدىن پاناھ تىلەيتتى. فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى نازىل بولغاندىن كېيىن، شۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ، باشقا دۇئالارنى ئوقۇمايدىغان بولدى. (تىرمىزى: 2058)

7579 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىر چايان چىقىپ چېقىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن پارىغ بولغاندا: الله چايانغا لەنەت قىلسۇن! ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىمۇ، باشقىسىنىمۇ چېقىۋېرىدۇ دېدى. ئاندىن سۇ بىلەن تۇز ئەكەلدۈرۈپ، سۈرە كافىرۇن، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسلارنى ئوقۇغاچ چايان چاققان جايغا سۈرگىلى تۇردى. ( ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت 5890 : ئەلسەغىر :830 )

9504 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشىدىن پاناھ تىلەيتتى. مۇئەۋۋىزەتەيىن (يەنى فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى) نازىل بولغاندا، بۇرۇنقى پاناھ تىلەپ قىلىدىغان دۇئالىرىنى تاشلاپ، شۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇيدىغان بولدى .(نەسائى: 5494 )

9362 - فەرۋە ئىبنى نەۋفەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئۇخلاش ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويغىن! دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۈرە كافىرۇننى ئوقۇ! چۈنكى ئۇ شېرىكتىن ئادا جۇدا بولۇشتۇر، دېدى. (تىرمىزى: 3403 )

9348 - ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز يامغۇرلۇق، قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ چىقتۇق، ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن مەن تاپتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ئوقۇغىن! دېدى، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. يەنە: ئوقۇغىن ! دېدى، مەن يەنە ھېچنېمە دېمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ئوقۇغىن! - دېدى. مەن: نېمىنى ئوقۇيمەن؟ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۈچ قېتىم ئوقۇغىن! بۇ، سەندىن ھەر قانداق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، دېدى. (تىرمىزى: 3575 )

## « ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىيم» كەلىمىسىنىڭ ھېكمىتى:

بۇ كەلىمە ئاللاھ تائالانىڭ ئەجابەت دەرۋازىسىنى قېقىپ تىلىكىنى بىلدۇرۇش كەلىمىسىدۇر، بۇ خۇددى كىشىلەر بىرەر مەنسەپدارنىڭ ئىشىكىگە ھال ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەندە ئەۋەل روخسەت ئېلىپ ئاندىن ئىشكتىن كىرگەنگە ئوخشايدۇ .ئۇلۇق ئاللاھ تائالا بىلەن بىلەن سىردىششتىن ئىبارەت قۇرئان ئوقۇش مەشغۇلاتىنى باشلاشتىن بۇرۇن، غەيۋەت شىكايەت، كىشىلەرگە قارا چاپلاش -بۆھتان قىلىش قاتارلىق گۇناھلار بىلەن بۇلغانغان تىلىمىزنى بۇ كەلىمە ئارقىلىق تازىلاپ ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى باشلاش لازىم. « **ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىيم**» دىكى« **ئەئۇزۇ**» ئىلتىجا قىلىمەن -دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ .مەرىپەت ئەھلىلىرى بۇ كەلىمە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :بۇ كەلىمە ئاللاھقا يېقىن بولىمەن دېگۈچىلەرنىڭ ۋەسلە سۆزىدۇر، ئاللاھدىن قورقۇچىلارنىڭ تۇتقۇسىدۇر، ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلەرنىڭ ئۈمىد چىراقىدۇر، ئاللاھنى يوشۇرۇن زىكرى قىلغۇچىلارنىڭ كەڭرى دەرۋازىسىدۇر .بۇ كەلىمنى ئوقۇش -ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم نەھلە سۈرىسىدىكى«قۇرئان ئوقۇماقچى بولساڭ ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن» دىگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە ئىش قىلغانلىقىدۇر .بىر ھەدىستە :جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ كەلىمنى لەۋھىل مەھفۇزدىن ئوقۇۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان .

## «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىيم» نى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيتى:

بۇ كەلىمىنى ئوقۇش بىلەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان كىشى كۆڭۈل، تەن، تىلدىن ئىبارەت سەھنىنى تۇرلۇك يامان ئىشلاردىن، ۋەسۋەسىلىك خىياللاردىن، شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن تازىلايدۇ .شۇ ۋەجھىدىن قۇرئان ئوقۇشتىن ئىلگىرى «**ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىيم**»نى ئوقۇش ۋاجىبدۇر. بەزى ئالىملار :سۈننەت دەپ قارايدۇ . ھەسەن ئىبنى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ :بىر ئادەم«**ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىيم**»نى ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى بىلەن شەيتاننىڭ ئارىلىقىنى ئۈچ يۈز پەردە بىلەن توسۇۋېتىدۇ .ئۇنىڭ كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چەكسىزدۇر .شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا يېقىن كېلەلمەيدۇ .

## « بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم » نىڭ خاسىيتى

7569 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرەر كىشى يېرىڭ، يارا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن بىئارام بولۇپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن كۆتۈرۈپ: بىسمىللاھ، زېمىنىمىزنىڭ توپىسى، بەزىلىرىمىزنىڭ تۈكۈرۈكى رەببىمىزنىڭ ئىجازىتى بىلەن كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ دەيتتى. (مۇسلىم: 2194)

## «لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» كەلىمىسىنىڭ خاسىيتى

3 - تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھەرقانداق كىشىگە اللە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ دېيىلگەن. ( تىرمىزى: 2638 )

22 - ۋەھب ئىبنى مۇنەببەتىن: "اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر "دېگەن كەلىمە جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورالغانىدى، ئۇ: توغرا، بىراق ھەر قانداق ئاچقۇچنىڭ چىشى بولىدۇ، چىشى بار ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلسەڭ (قۇلۇپ) ئېچىلىدۇ، ئەمما چىشى يوق ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ كەلسەڭ ئېچىلمايدۇ، دېدى. (بۇخارى مۇئەللەق

رىۋايەت قىلغان)

28 - ئىياز ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "لا ئىلاھە ئىللەللا (اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر) "دېگەن بۇ كەلىمە شۇنداق ئۇلۇغ كەلىمە بولۇپ، اللەنىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ كەلىمىنى چىن قەلبىدىن ئىيتقان كىشىنى الله جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەمما ساختىلىق قىلىپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان كىشى (ئۇنىڭ بىلەن) بۇ دۇنيادا جېنى ۋە مېلىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئاخىرەتتە ھېسابىنى الله ئالىدۇ. (بەززار رىۋايەت قىلغان)

82 - ئەبۇ مالىك دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىمكى: "بىر اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر "دېسە ۋە اللەتىن باشقا بارلىق مەبۇدلارنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە ۋە جېنىغا چېقىلىش ھارام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابىنى الله ئۆزى ئالىدۇ. (مۇسلىم: 23)

110 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئىمانىڭلارنى يېڭىلاڭلار! دېۋىدى، بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! ئىمانىمىزنى قانداق يېڭىلايمىز؟ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : "لا ئىلاھە ئىللەللا (بىر اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر) "دېگەن كەلىمىنى كۆپ دەڭلار! دېدى. (ئەھمەد: 8493)

9546 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، چىن قەلبىدىن: "اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق "دېسە، ئۇ كەلىمگە ئاسمانىنىڭ بارلىق ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە ئۇ تاكى ئەرشكىچە يېتىپ بارىدۇ. (تىرمىزى: 3590)

## «لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىن*» دېگەن ئايەتنىڭ خاسىيتى

9447 - سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ: ”ئى اللە! سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن كەمچىلىكلەردىن پاكسەن، ھەقىقەتەن مەن زالىملاردىن بولدۇم “دەپ دۇئا قىلغانىدى. قانداق بىر مۇسۇلمان مانا مۇشۇ دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، اللە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. (تىرمىزى: 3505 )

تىرمىزى، ھاكىم قاتارلىق مۇھەددىسلار سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ: زىننۇن (يۇنۇس ئەلەيھىسسالام) نىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ قىلغان دۇئاسى« لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىين » دېگەن ئايەت بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم ھەر ھاجەت تەلەپىدە بۇ ئايەتنى ئوقۇسا دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. سەئدى ئىبنى مالىك (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئىسمى ئەزەم باركى ئۇنىڭ بىلەن دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدۇ. تىلىكى بېرىلىدۇ، ئۇ بولسا يۇنۇس ئىبنى مەتتانىڭ دۇئاسىدۇر. مەن- يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئايەت يۇنۇس ئىبنى مەتتاغا خاسمۇ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇ ئايەت يۇنۇس ئىبنى مەتتاغا خاس، مۇسۇلمانلار جامائەسگە ئامدۇر.

## ئەسماۇلھۇسنانىڭ خاسىيتى

9271 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ 99 ئىسمى بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. اللە تاقتۇر، (شۇڭا) تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. (مۇسلىم: 2677 )

## كەلىمە تەۋھىدنىڭ خاسىيتى

9540 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى كۈندە يۈز قېتىم: ”يالغۇز اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر “دېسە، ئون قۇل ئازاد قىلغان ۋە يۈز ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، يۈز گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، (شۇ كۈنى ) كەچ كىرگىچە شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىدۇ. ئۇ كەلىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ زىكرى قىلغانلاردىن باشقا

ھېچكىم (شۇ كۈن ئىچىدە) ئۇنىڭچىلىك ساۋابلىق ئىش قىلالمىغان بولىدۇ. كىمكى: ”اللە پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر “دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم ئېيتسا، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ. (مۇسلىم: 2691)

9541 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئون قېتىم: ”يالغۇز اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر “دېسە، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن ئون قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. (مۇسلىم: 2693 )

## كەلىمە تەمجىدنىڭ خاسىيتى

9524 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوپۇرمىقى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاسىسى بىلەن ئۇرغان ئىدى، غازاڭلار يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ”ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر، اللە پاكتۇر، اللەتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، اللە بۈيۈكتۇر “دېگەن كەلىمىلەر بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى مۇشۇ دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ. (تىرمىزى: 3533 )

9519 ـ سەفىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان مۇنۇ بەش نەرسىگە ھەيرانمەن: ”اللە پاكتۇر“، ”ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر“، ”اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق “، ”اللە بۈيۈكتۇر “دېگەن كەلىمىلەر ۋە ئازارغا ئۇچرىغان ياخشى ئادەمنىڭ سەۋر تاقىتى. (ئەلئەۋسەت )

9520 - ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قايسىڭلار بىر كۈندە ئۇھۇد تېغىدەك ساۋابلىق ئىش قىلالايسىلەر؟ دەپ سورىدى. ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭغا كىمنىڭ كۈچى يېتىدۇ؟ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەممىڭلارنىڭ كۈچى يېتىدۇ، دېدى. ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ! ئۇ قانداق ئەمەل؟ دەپ سورىغاندى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "الله پاكتۇر "دېگەن كەلىمە ئۇھۇد تېغىدىنمۇ بۈيۈكتۇر. "اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق "دېگەن كەلىمە ئۇھۇد تېغىدىنمۇ بۈيۈكتۇر. "اللەقا ھەمدۇ سانا بولسۇن! "دېگەن كەلىمە ئۇھۇد تېغىدىنمۇ بۈيۈكتۇر. "الله بۈيۈكتۇر "دېگەن كەلىمىمۇ ئۇھۇد تېغىدىنمۇ بۈيۈكتۇر، دېدى. (ئەلكەبىر18/175 : ؛ بەززار)

## ئىستىغپار ، تەسبىھ، تەھلىل ئوقۇشنىڭ خاسىيتى

9308 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بامدات نامىزىدىن كېيىن "سۇبھانەللاھ "نى 100 قېتىم، "لائىلاھە ئىللەللاھ"نى 100 قېتىم دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (نەسائى: 1354 )

9312 - يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ"، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ"، 33 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر "دېسە، ئاندىن بۇ 99 نى « لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىيىر» (يېگانە اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر ) "دېگەن كەلىمە بىلەن 100 قىلسا، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېيىلگەن.(مۇسلىم: 597 )

9349 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئەتىگەن - ئاخشامدا يۈز قېتىم سۇبھانەللاھ ۋەبىھەمدىھى دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭكىدىن ئەۋزەل ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ دېگەن كىشىلا ئۇنىڭكىدەك ياكى ئۇنىڭكىدىن ئەۋزەلرەك ساۋابقا ئېرىششى مۇمكىن. (تىرمىزى: 3469 )

9535 ـ ئەغەر مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەك شۈبھىسىزكى، بەزىدە قەلبىمنى غەپلەت قاپلايدۇ. ئەلۋەتتە، مەن اللەقا كۈندە يۈز قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن. (مۇسلىم: 2702 )

9536 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن : ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋبە قىلىڭلار، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا كۈندە يۈز قېتىم تۆۋبە قىلىمەن. (مۇسلىم: 2702 )

9551 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تىلغا (ئېيتىلىشى) يەڭگىل، تارازىغا ئېغىر، اللەقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئىككى كەلىمە بار. ئۇلار: ”اللە پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، اللە پاكتۇر ۋە بۈيۈكتۇر “دېگەن كەلىمىلەردۇر. (بۇخارى: 6682 )

## قالغان نامازنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

967 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى نامازنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئېسىگە كەلگەندە ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا: نامازنى مېنى ئېسىڭگە ئالغاندا ئوقۇغىن ! (سۇرە تاھا، 14 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ) دېدى. (نەسائى: 620 )

963 - ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ : بىر قانچە كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلىنىپ، كېچىلەپ ئۇزۇن يول يۈردۇق. تاڭغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : نامازنىڭ ۋاقتىغا دىققەت قىلىڭلار، ئۆتۈپ كەتمىسۇن ! دەپ ھەممەيلەننى ئاگاھلاندۇردى. لېكىن ھەممىمىز كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ قاپتىمىز. ئويغىنىپ يەنە يولغا چىقتۇق، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر يەرگە چۈشۈپ تاھارەت ئالدۇق. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان ئوقۇدى، ئالدى بىلەن بامدات نامازنىڭ سۈننىتىنى ئاندىن پەرزىنى ئوقۇدۇق، ئاندىن سەپەرنى داۋاملاشتۇردۇق. بەزىلەر بىر بىرىگە : ”بىز نامازنى كېچىكتۈرۈپ ياخشى قىلمىدۇق “دېيىشتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئۇخلاپ قېلىش خاتالىق ئەمەس، لېكىن ئويغاق تۇرۇپ نامازنى كېچىكتۈرۈش خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىرىڭلار ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى ئۇخلاپ قېلىپ، نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ قويسا، ئېسىگە كەلگەندە ياكى ئويغانغاندا دەرھال ئوقۇۋالسۇن ! ئەمما ئەتىسى ئەسلىدىكى پېتى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسۇن دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: 437 )

6820 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب غازىتىدا،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ  ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئوتقا توشقۇزىۋەتسۇن. ئۇلار بىزنى كۈن ئولتۇرغىچىلىك ئوتتۇرا ناماز  (ئەسىر نامىزى )نى ئوقۇتماي ئاۋارە قىلدى  دېدى . (بۇخارى: 2931 )

6821 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىزنى ئوتتۇرا نامازدىن توسۇپ قويدى.  (مۇسلىم: 27 )

6822 - يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن : ئۇنى  (يەنى ئەسىر نامىزىنى) شام بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا ئوقۇۋالدى. (مۇسلىم: 627 )

6823 - ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ  ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەشغۇل قىلىپ، ئەسىر نامىزىنى تاكى كۈن قىزارغىچە  (ياكى سارغايغىچە ) ئوقۇتمىدى  .شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر  ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: بىزنى ئوتتۇرا نامازنى ئوقۇشتىن توسۇپ قويۇشتى. اللە ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئوت بىلەن تولدۇرغاي!  (مۇسلىم: 628)

## سەجدە ئايەتلىرىنىڭ خاسىيتى

ھىدايەت گۈلزارى ناملىق كىتاپتا قۇرئاندىكى بارلىق سەجدە ئايەتلىرىنى بىر يەرگە جەمى قىلىپ ھەر بىر سەجدە ئايىتىدىن كيىن سەجدە قىلىپ  كىچىدە ئوقۇسا ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيالىق قانداق ھاجىتى بولسا راۋا بولىدۇ. دىيىلگەن.

## دۇئا ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم *

ئاللاھ تابارەك ۋە تەئالا قۇرئان كەرىمدە: «  سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەيتىدۇ: مېنى چاقىرىڭلار، مەن جاۋاب بېرىمەن - ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن ئىجابەت قىلىمەن»، «پەرۋەردىگارىڭلارغا ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورققان ۋە رەھمىتىدىن تاما قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار!» « سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلغان ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە دۇئا قىلىڭلار!» ، «بەندىلىرىم مەندىن سورىسا، مەن ئۇلارغا يېقىنمەن، چاقىرغۇچىلارنىڭ دۇئا قىلغان چاغدىكى دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، شۇنداق بولغاندىكىن، مېنىڭ

ئجابەت قىلىشىمنى تىلىسۇن! ماڭا ئىشەنسۇن! بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن پايدىلىق » دېدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار! مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن، (تىلىكىڭلارنى) بېرىمەن». «غافىر» سۈرىسى 60- ئايىتى.

9244 - سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى ، الله بەكمۇ هايا قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ سېخىيدۇر، كىشى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرسە، الله ئۇنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن هايا قىلىدۇ. (تىرمىزى: 3556 )

9245 - ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئا قىلغاندا، ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلغان هالدا دۇئا قىلىڭلار! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، الله تائالا قولى دۇئادا، ئەمما قەلبى باشقا يەردە كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. (تىرمىزى: 479 )

9231 - ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان هالىتى سەجدىدىكى هالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار. (مۇسلىم: 482 )

9232 - ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى قىيىنچىلىق ۋە يامان كۈنلەردە دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى خالىسا، تېنى ساغلام، خاتىرجەم ۋاقتىدا دۇئانى كۆپ قىلسۇن. (تىرمىزى: 3382)

9233 - ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، گەرچە ئۇ پاسىق بولغان تەقدىردىمۇ ئىجابەت بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئۆزىگىدۇر .(ئەھمەد: 8577 )

9235 - ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، دادىنىڭ بالىغا قىلغان بەددۇئاسى. (تىرمىزى: 1905)

9227 - ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى رەسۇلۇللاھ ! قايسى دۇئا بەك ئىجابەت بولىدۇ؟ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئا، دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: 3499)

9228 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 521)

9217 - نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: دۇئا ئىبادەتتۇر دېگەندىن كېيىن: (پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى ، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ) (سۈرە غافىر، 60 - ئايەت.) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. (تىرمىزى: 3372)

9218 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە تائالانىڭ نەزىرىدە دۇئادىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەت يوق. (تىرمىزى: 3370)

9221 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھەرقانداق بىر ئىنسان ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا، گۇناھ بولىدىغان ياكى ئۇرۇغ تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى تىلىمىگەنلا بولسا، اللە تائالا ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ. (تىرمىزى: 3381)

## دۇئا ۋاقتى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ ھالىتى، دۇئانىڭ شەكلى ۋە باشقا مەسىلىلەر

9224 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە: ”كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىمەن. كىم مەندىن سورايدۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن“ دەيدۇ. (بۇخارى: 1145 )

9225 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: الله تائالا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاكى تاڭ ئاتقىچە: ”ئىستىغفار ئېيتقۇچى بارمۇ؟ تۆۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ ھاجىتىنى تىلىگۈچى بارمۇ؟ دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ “دەپ نىدا قىلىدۇ. (مۇسلىم: 758 )

## دۇئانىڭ ئەھمىيىتى

1ـ شەيتاننى قاچۇرىدۇ.

2ـ الله نى خۇش قىلىدۇ.

3ـ غەم، خاپىلىقنى يوقىتىدۇ.

4ـ خۇشاللىق، مولچىلىق، كەڭرىچىلىك، كامالەت پەيدا قىلىدۇ.

5ـ چىراينى نۇرلاندۇرىدۇ.

6ـ رىزىق يوللىرىنى كەڭرى قىلىدۇ. كەل ـ كەللىك پەيدا قىلىدۇ.

7ـ الله نىڭ بەندىگە بولغان مۇھەببىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

8ـ بەندىنىڭ الله غا بولغان مۇھەببىتىنى پەيدا قىلىدۇ، مۇراقىبە، مەئرىپەتۇللاھ، الله غا يۈزلىنىش. الله غا يېقىنچىلىق ھاسىل قىلىدۇ.

9ـ زىكرى ئەيتقۇچىغا زىكرۇللاھ ھاسىل بولىدۇ.

10ـ قەلب تىرىكلىكى پەيدا قىلىدۇ.

11ـ الله بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقتىن يىراق بولۇش، قورقۇش تۇيغۇسى يوقىلىدۇ.

12ـ گۇناھلار ئۆچۈرىلىدۇ.

13. قىينچىلىق كۈنلەردە پايدىسى تېگىدۇ.

14. جىمجىتلىق، تىنچلىق پەيدا بولىدۇ. رەھمەت تۆيغۇلىرى قاپلايدۇ. مالائىكىلەر ئەتراپىنى ئورايدۇ. قوغدايدۇ.

15. غەيبەت، شىكايەت، سۇخەنچىلىك، ئەخلاقسىز، ناشايان سۆزلەردىن ۋە ئۇنىڭ گۇناھىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

16. قىيامەت كۈنىدىكى پۇشايماندىن ئامان بولىدۇ.

17. خىلۋەتتە يىغلىغانلىق سەۋەبىدىن قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

18. ئاللاھنى ئۇنتۇپ قىلىش غەپلىتىدىن ئامان بولىدۇ.

19. مۇناپىقلىق ئىللەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

20. الله نى زىكرى قىلىش ئەڭ ئاسان، جاپاسى يوق، جاننى قۇتقۇزىدىغان ئىبادەتتۇر. باشقا كىشىلەر ئېرىشەلمەيدىغان دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.

21. الله غا زىكرى ئېيتقۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مەھسۇلاتى جەننەت بولىدۇ.

22. قەلب مال- دۇنياغا ھېرىسلىق، تەمەخورلىقتىن قۇتۇلىدۇ. ھاجىتى راۋا بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

23. قەلب كۈچلىنىدۇ. ئىرادە كۈچى ئاشىدۇ. چىدام، غەيرىتى ئۆرلەيدۇ.

24. بېشىغا كەلگەن غەم- قايغۇ، ئىچ پۇشۇق، ھەسرەت- نادامەتتىن قۇتۇلىدۇ.

25. شەيتان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا بولغان قارشىلىق كۈچى ئاشىدۇ.

26. دۇنيالىق ئىشلاردىن قەلبنى يىراقلاشتۇرۇپ ئاخىرەتلىك ئىشلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

27. زىكرى ئېيتىش شۈكرى قىلغانلىقنىڭ باشلىنىشىدۇر، الله غا زىكرى تەسبىھ ئېيتمىغان ئادەم الله غا شۈكرى قىلمىغان بولىدۇ.

28. تىلىدىن الله نى زىكرى قىلىشنىڭ نەملىكى قۇرۇپ قالمىسىلا جانلىقلار ئىچىدىكى الله نىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى بولىدۇ.

29. زىكرى تەسبىھ ئېيتىش قەلبنىڭ قاتتىقلىقى يۇمشىتىپ، قارا كۆڭۈللۈكنى

يوقىتىدۇ.

30ـ  مالائىكىلەرنى دۇئاغا قەرىزدار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ الله دىن ئۇزى ھەققىدە  رەھمەت تىلىشىگە ئىرىشىدۇ.

31ـ  بارلىق ئەمەل، ئىبادەتلەر دە الله نى زىكرى قىلىش ئالدىنقى ئاساس قىلىنىدۇ.

32ـ الله تائالا زىكرى ئەيتقۇچىلار بىلەن مالائىكىلەرگە ماختىنىدۇ.

33ـ قىيىن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، جاپاـ مۇشەققەتلەرنى يىنىكلىتىدۇ. ئىشلارنى يۈرۈشتۈرىدۇ.

34ـ ۋاقىتقا بەرىكەت پەيدا قىلىدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

35ـ ئامانلىقتا يىتىشىدە ئاجايىب تەسىر كۇچكە ئىگە بولۇپ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئادەمگە زىكرى ئەڭ پايدىلىقدۇر.

36ـ دۇشمەن ئۇستىدىن غەلبە قىلىشتا كۈچلۈك ياراغدۇر.

37ـ قەلبنى كۈچلەندۈرۈش ۋاستىسىدۇر.

38ـ ئىگىز تاغلار، چۆل ـ جەزىرىلەر، پۈتۈن زىمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلار زىكرى ئەيتقۇچىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىشارەتلىرىنى تىلەيدۇ.

39ـ يولدا، ئۆيدە، يۇرتتا، سەپەردە،  زىكرى ئەيتسا ، ماڭغان تۇرغان يەرلىرى قىيامەت كۈنى گۇۋاھلىق بىرىدۇ.

40ـ زىكرى ئەيتقۇچىلارغا باشقا ئىبادەتلەردە ھاسىل بولمايدىغان لەززەتلىنىش، تەگداشسىز ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

### دۇئانىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى

«ئەئراف» سۈرىسىنىڭ 55ـ ئايىتىدە: «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇنچە دۇئا قىلىڭلار» ، «دۇئا قىلغاندا كەلسەـ كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ» دىيىلگەن.

1ـ ھالال ئىستېمال ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىنى ياخشىلاش.

2ـ ئىخلاس بىلەن (چىن ئىرادە بىلەن) دۇئا قىلىش. ئاللاھ تائالا بۇ توغرىلىق قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار!».

3-ھۇزۇرى قەلب - دۇئانى پۈتۈن دىققەتنى يىغىپ تۇرۇپ، ھاياجانلىق تۇيغۇ بىلەن قىلىش. دۇئادا ھەمدۇ سانا ئوقۇش، دۇرۇد ئوقۇش لازىم. قىبلىگە ئالدىنى قىلىش. دۇئا قىلغاندا ئىككى قولنى دولىسىغىچە كۆتۈرۈش.

4-ئاۋازنى، كۆزىنى، بېشىنى پەس تۇتۇپ، ئەدەب ئەخلاق بىلەن، يوۋاش، مۇلايىملىق بىلەن  دۇئا قىلىش، دۇئا تامام بولغاندا ئىككى قولنى يۈزىگە تارتىش.

5-دۇئا قىلغاندا ھەمدۇ- سانا ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد- سالام ئېيتىش، ئۈنىگىغا رەھمەت تىلەش. ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ دۇئا قىلىش.

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار

قەدرى كېچىسى، ئەرەفات كۈنى، رامزان ئېيى، جۈمە كۈنىگە تاڭ ئاتار كېچىسى، جۈمە كۈنى، جۈمە ۋاقتى، يېرىم كېچە، نامازنىڭ ئەزان ۋاقتى، ئەزان بىلەن نامازغا تۇرغۇچە بولغان ۋاقىت، چوڭ ئىبادەتتە يارىلانغان چاغ، پەرىز ناماز ئاخىرلاشقان ۋاقىت، سەجدە ئىچى، قۇرئان تىلاۋىتى ئاخىرلاشقان ۋاقىت، بولۇپمۇ خەتمىسى تامام بولغان ۋاقىت، زەمزەم سۈيى ئىچكەن ۋاقىت، ئاللاھنىڭ زىكرىگە ئولتۇرغان ۋاقىت، روزىنىڭ ئىفتار ۋاقتى.

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلار

مەسچىتلەر: مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتى، مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى، بەيتۇلمۇقەددەستىكى ئەقسا مەسچىتى، مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرە، ئەرەفات دائىرىسى، كەئبە شەرىف، مۇلتەزىم، مىيزانىنىڭ ئاستى، زەمزەم قۇدۇقى، سافا- مەرۋە، مۇزدەلىفە، ماقامى ئىبراھىم، شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جايلار.

## دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى

پاكلىق بىلەن بولۇش. ھالال نەرسىلەرنى يېيىش. ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ھالال ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش. ھارامدىن يىراق تۇرۇش.

## قەبرىدە دۇئا قىلىش

2618 - ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ: قېرىندىشىڭلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار ! اللەتىن ئۇنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ دەيتتى. (ئەبۇ داۋۇد: 3221 )

9576 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە بېشىدا تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئەبۇ بەكرىگە ۋە ئۆمەرگە سالام يوللىغىنىنى كۆردۈم. (مالىك رىۋايەت قىلغان)

## ئەۋرادى پەتھىيەنىڭ خاسىيەتلىرى

ھەر قانداق مۇئمىن بەندە سائادەتمەن ئۇممەتلەردىن ھەر كىم بۇ ئەۋرادى پەتھىيەنى ناماز بامداتتىن كېيىن ئوقۇشقا ئادەتلەنسە جىمى ھاجەتلىرى راۋا بولغاي مۇشكۇللىرى ئاسان بولغاي. بۇ ئەۋراد پەتھىيەگە قۇرئان كەرىمدىن تاللانغان دۇئالار، ئىسمى ئەزەملەر، ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرى، خاسىيەتلىك دۇئالار مۇناجاتلار جەمئى قىلىنغان بولۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن تەلەپ مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا كىشى ئەۋراد پەتھىيەنى ئوقۇشنى ئادەت قىلسا ئۇنىڭ بەركاتىدىن خەلق ئارىسىدا ئىززەت ھۆرمەتلىك، ئۆتكۈر سۆزلۈك بولىدۇ. زالىملارنىڭ كۆزىگە ھەيۋەتلىك سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ. بەخت سائادەت ئىززەت ئىقبال ئۇ كىشىگە يۈزلىنىدۇ. قەرىزدارلار ئوقۇسا قەرىزدىن خالاس تاپىدۇ، كېسەللەر ئوقۇسا شىپا تاپىدۇ. ئىنشائاللاھ..

## دۇئايى گەنجۇل ئەرشنىڭ خاسىيىتى

بۇ دۇئانى ئوقۇسا دۇنيا ۋە دىن ئىشلىرىدا پايدىسى كۆپتۇر. رىزىقى كۆپىيدۇ، قىيىنچىلىقى ھەل بولىدۇ، چارىسى يوق كېسەللەرگە دەم ئۇرسا ئىنشائاللاھ ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

## دۇرۇد ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ : « ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار

9247 - ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: دۇئا ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا

ساقلاپ تۇرىدۇ، تاكى پەيغەمبىرىڭگە دۇرۇد ۋە سالام يوللىمىغىچە (دۇئادىن ) ھېچبىر نەرسە (اللەنىڭ ھۇزۇرىغا) كۆتۈرۈلمەيدۇ. (تىرمىزى: 486 )

9582 ـ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللاشنى ئۇنۇتسا، جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ. (ئىبنى ماجە: 908 )

9577 - مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى ھەببان دادىسى ئارقىلىق چوڭ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ! دۇئايىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ساڭا قىلايمۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن! دېدى. ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى قىلسامچۇ؟ دەپ سورىغانىدى: ماقۇل، دېدى. ھەممىسىنى قىلسامچۇ؟ دېگەنىدى: ئۇنداقتا، دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىڭ ئۈچۈن، ھەر ئىككى ھاياتتا (مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىڭ ئۈچۈن) اللە ساڭا يېتەرلىكتۇر، دېدى. (ئەلكەبىر3574 : )

9574 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم زىكىر قىلىنغاندا، ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىمىغان كىشى ھەقىقي بېخىلدۇر. (تىرمىزى: 3546 )

9575 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ يەر يۈزىدە ئايلىنىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئۇممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. (نەسائى: 1282 )

9572 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال خۇرام يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا: ئى رەسۇلۇللاھ! يۈزۈڭدىن خۇشاللىق ئىپادىسى چىقىپ تۇرىدۇ، دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: يېنىمغا بىر پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دېدى: "ئى مۇھەممەد ! رەببىڭ ساڭا سالام يوللىدى ۋە: كىمكى ساڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. ساڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايمەن. بۇ سېنى خۇرسەن قىلمامدۇ؟ دېدى. "(نەسائى: 1283 )

9571 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، الله ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايدۇ، ئون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى ئون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. (نەسائى: 1297 )

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈشنىڭ خاسىيىتى

7455 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى مېنى چۈشىدە كۆرسە، ئويغاق چاغدىمۇ كۆرىدۇ ياكى خۇددى ئويغاق چاغدا كۆرگەندەك بولىدۇ، (چۈنكى) شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 5023 )

7456 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى مېنى چۈشىدە كۆرسە، مېنى راستىنلا كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى شەيتان مېنىڭ شەكلىمگە كىرەلمەيدۇ. (بۇخارى: 6997 )

كىشى جۈمە كېچىسى فاتىھەدىن كېيىن ئون بەش قېتىم ئايەتەلكۇرسىي ئوقۇش بىلەن ئىككى رېكئەت ناماز ئوقۇسا، نامازدىن كېيىن مىڭ قېتىم دۇرۇد ئوقۇسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرگەن ئادەمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ياخشى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا- ئانىسىنىڭ گۇناھى مەغفىرەت بولىدۇ. (ئاتا- ئانىسى مۇسۇلمان بولغان ئەھۋالدا گۇناھى مەغفىرەت بولىدۇ)، قۇرئاننى ئون ئىككى قېتىم تامام قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، سەكراتىلمەۋت ئاسان بولىدۇ، قەبرىنىڭ ئازابى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، قىيامەتنىڭ دەھشەتلىرىدىن ئامان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرى ئادا بولىدۇ.

## دۇرۇدنىڭ تۈرلىرى

دۇرۇدنىڭ تۈرلىرى تۆت مىڭدىن ئون ئىككى مىڭغىچە يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرق ۋە غەربدىكى ئىسلام ئالىملىرى، مۇجتەھىدلىرى تەرىپىدىن ھەر بىر كىشىنىڭ بايقىشى ۋە ئالاھىدە سەزگۈسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان يىراق يېقىنلىق

مۇناسىۋەتتىگە تايىنىپ تۈزۈپ چىققان مەدھىيە تۈسىنى ئالغان دۇئا تۈرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى مەزكۇر «دۇرۇدى مۇنجىيە» (دۇرۇدى نەجات) دۇر:

### دۇرۇدى ئەكبەرنىڭ خاسىيىتى

كىشى بۇ دۇرۇدنى ئوقۇسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

## دۇرۇدى مۇستەخاسنىڭ خاسىيەتلىرى

ھەر كىم بۇ دۇرۇتنى پۈتۈپ ئۆزى بىلەن تۇتسا ياكى ئوقۇسا ئاللاھ شۇ بەندىنى ۋە شۇ بەندە بىلەن بىر مەجلىستە بولغانلارنى دۇنيادا ھېچكىمگە مۇھتاج قىلمىغاي. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى پاكلىرى مەدەت بولۇپ دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلغاي. بۇ دۇرۇتنى ئوقۇغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقۇچىلاردىن بولغاي. ھەر كىم تېۋىپلارمۇ ئىلاج قىلالمىغان كېسەلگە بىر ئوقۇپ دەم سېلىپ ئىچۈرسە شىپا قىلۇر. جۈمە كېچىسى خۇپتەندىن كېيىن بۇ دۇرۇتنى ئوقۇپ، سۆزلىمەي تاھارەت بىلەن ياتسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى پاكلىرىنى چۈشىدە كۆرگەي.  بۇ دۇرۇتنى ھەر ھاجەت ۋە ئىلاجىسىز مۇشكىلات ئۈچۈن ئوقۇماق لازىمدۇر.

### دۇرۇد تاجنىڭ خاسىيىتى

چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇشنى ئارزۇ قىلسا پەيشەنبە ئاخشىمى خۇپتەندىن كېيىن پاكىزە كىيىم كىيىپ خۇشپۇراق ئىشلىتىپ 170 مەررە ئوقۇسا ۋە ئۇنىبىر ئاخشام داۋاملاشتۇرسا ئىنشا ئاللاھ مەقسىدى ھاسىل بولغاي. نامراتچىلىق غەم قايغۇ ۋە دۈشمەنىنىڭ قەستىدىن خالى بولغاي.

### ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى

9196/5622 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئولتۇرغان جايىدا اللەنى زىكىر قىلمىسا، اللەنىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. كىمكى ياتقان جايىدا اللەنى زىكىر قىلمىسا، اللەنىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 4856)

9197/5623 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر جامائەت ئولتۇرغان سورۇندىن اللەنى زىكىر قىلماستىن قوپۇپ كەتسە، ئېشەكنىڭ تېپى (ئۆلۈكى) بار جايدا ئولتۇرۇپ قوپقاندەك بولىدۇ. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 4855)

9199/5625 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! ماڭا كۆرە ئىسلام شەرىئەتلىرى (ساۋابنىڭ يوللىرى) ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ماڭا (شۇلاردىن) بىرنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشاي، دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تىلىڭ اللەنىڭ زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن! دېدى. (تىرمىزى: 3375)

9201/5626 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله زىكىر قىلىنىدىغان ئۆي بىلەن الله زىكىر قىلىنمايدىغان ئۆينىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ پەرقىگە ئوخشايدۇ. (مۇسلىم: 779)

9206/5629 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جەننەت باغچىلىرىدىن ئۆتكەن چېغىڭلاردا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇڭلار! دېدى. ساھابىلەر: جەننەت باغچىلىرى نېمىدۇر؟ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: زىكىر سورۇنى، دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: 3510)

9215/5632 ـ ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن اللەنى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ئەمەل يوقتۇر. (مالىك: 490)

9271/5669 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ 99 ئىسمى بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى

يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. اللە تاقتۇر، (شۇڭا) تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. (مۇسلىم: 2677)

يۇقىرقى تەلىم ۋە پائالىيەتلەردىن تۆۋەندىكىدەك بىر خەتمە شەكىللىنىدۇ. ئالدى بىلەن خەتمىنىڭ نىمىلىكىنى چۈشىنىپ ئۆتەيلى.

## كۈندىلىك ئىبادەت ئۈچۈن پەزىلەتلىك موھىم ئەمەل - خەتمە

ئاللاھۇممە ئىغپىرلى ۋەلى ئۇستازەينا ۋەلىمەشائىخىنا ۋەلىۋالى دەيىە ۋەلىجەمىئىل مۇئمىنىينە ۋەلمۇئمىنات ۋەلمۇسلىمىينە ۋەلمۇسلىماتىل ئەھيائى مىنھۇم ۋەلئەمۇات ئىننەكە مۇجىيبۇد دەئۇۋات ۋەراپىئۇد دەرەجاتى ۋەقازىيەلھاجاتى بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەر راھىمىين *

# دۇئايى مۇستەجاپ(يەنە بىر نۇسخا)

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم*

ئاللاھۇممە ئىغپىرلى ۋەلى ۋالى دەيیە ۋەل ئۇستازىيیە ۋەل جەمئىل مۇئمىنىينە ۋەل مۇئمىنات مۇسلىيمىينە ۋەل مۇسلىمات ئەل ئەھيائى مىنھۇم ۋەل ئەمۋات ئىننەكە مۇجىبەت دەئۋات ۋارىپىئۇد دەرەجات ۋەمۇنزىلۇن بەرەكات ۋە قازىيەل ھاجات بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەراھىمىين.

## نامزدىن كيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم

ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين ۋەسسەلاتۇ ۋەسسەلامۇ ئەلا سەيیىدىنا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىھى ۋەسەھبىھى ئەجمەئىين* ئاللاھۇممە رەببەنا يارەببەنا تەقەببەل مىننا ئىننەكە ئەنتەسسەمىئۇل ئەلىيم ۋەتۇب ئەلەينا يامەۋلانا ئىننەكە ئەنتەتتەۋۋابۇر رەھىيم* يا رەببىنا تەقەببەل مىننا سەلاتەنا ۋەسيامەنا ۋە قيامەنا ۋەقىرائەتەنا ۋەرۇكۇئەنا ۋەسۇجۇدەنا ۋەقۇئۇدەنا ۋەتەشەھھۇدەنا ۋەتەسبىھەنا ۋەتەھلىلەنا ۋەتەزەررۇئەنا ۋەتەممىم تەقسىراتىنا ۋەلا تەزرىب بىھا ۋۇجۇھەنا يامەۋلانا* ئاللاھۇممە رەببەنا زەلەمنا ئەنپۇسەنا ۋەئىنلەم تەغپىرلەنا ۋەتەرھەمنا لەنەكۇنەننە مىنەلخاسىرىن* ئاللاھۇممە ئەھسىن ئاقىبەتەنا پىلئۇمۇرى كۇللىھا ۋەئەجىرنا مىن خىزيىددۇنيا ۋەئەزابىل ئاخىرە* ئاللاھۇممە ئەئىننا ئەلا زىكرىكە ۋەشۇكرىكە ۋەھۇسنى ئىبادەتىكە* ئاللاھۇممە سەللىمنا ۋەسەللىم دىنەنا ۋەلا تەسلۇب ۋەقتەنەنزىئى ئىمانەنا ۋەلاتۇسەللىت ئەلەينا مەنلا يەخاپۇكە ۋەلا يەرھەمۇنا ۋەرزۇقنا خەيرىددۇنيا ۋەل ئاخىرە ئىننەكە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر* ئاللاھۇممە رەببەنا ئاتىنا پىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەپىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىينا ئەزابەننار* ئاللاھۇممە رەببەنەغپىرلي ۋەلىۋالى دەيیە ۋەلىلمۇئمىنىينە يەۋمە يەقۇمۇل ھىساب* بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەر راھىيمىين*

## ھەر نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

( ئىماننى يىگىلاش ياكى يىڭى ئىمان ھاسىل قىلىش دۇئاسى)

**لائىلاھە ئىللەللاھۇ جەللى سەنائۇھۇ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ تەقەددەس ئەسمائۇھۇ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ تەئەلا كىبرىيائۇھۇ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئەزەمەش شەئنەئۇھۇ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىيمانەن بىللاھ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئامانەتەن مىنەللا* لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئامانەتەن مىن ئىندىللاھ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ* ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين ئەلا نىئمەتىل ئىيمان* ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين ئەلا نىئمەتىل ئىسلام* ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين ئەلا نىئمەتىل قۇرئان* ئەلھەمدۇ لىللاھىللەزىي جەئەلنا مىن ئۇممەتى سەييىدىل مۇرسەلىين***

## تەرەۋى نامىزىدىن كېينكى تەسبىھ

**سۇبھانەل مەلىكىل قۇددۇس* سۇبھانە زىل مۇلكى ۋەل مەلەكۇت* سۇبھانە زىل ئىززەتى ۋەل ئەزەمەتى ۋەل قۇدرەتى ۋەلكىبرىيائىي ۋەلجەبەرۇت* سۇبھانەل مەلىكىل ھەييىللەزىي لايەنامۇ ۋەلا يەمۇتۇ* سۇببۇھۇن قۇددۇسۇن رەببۇنا ۋە رەببۇل مەلائىكەتى ۋەررۇھ* لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەنەستەغپىرۇللا* نەسئەلۇكەل جەننەتە ۋەنەئۇزۇبىكە مىنەننار* يائەرھەمۇرراھىمىن* يائەرھەمۇرراھىمىن* بىرەھمەتىكە يائەرھەمۇرراھىمىن ***

## قەلب دۇئاسى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم*

ياھەييۇ ياقەييۇم يا بەدىئۇس سەماۋاتى يا لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە ئەس ئەلۇكە ئەن تەھيى قەلبىي بىنۇرى مەئرىپەتىكە ئەبەدا يائاللاھ يا ئاللاھ يا ئاللاھ *

( تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا ناملىق كىتاپتا بۇ قەلب دۇئاسىنى كۈندە ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ قەلبى ئۆلمەيدۇ دىيىلگەن.)

# مۇناجات

**بسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم***

**ئاللاھۇممە ئەنتەل خالىقۇ ۋە ئەنەل مەخلۇقۇ پەمەنيەدمەخلۇقە ئىللەل خالىقۇ ئىللا ئەنتە يا رەببي***

**ئاللاھۇممە ئەنتەل ئالىمۇ ۋە ئەنەل جاھىلۇ پەمەنيەدئۇل جاھىلە ئىللەل ئالىمۇ ئىللا ئەنتە يا رەببي***

**ئاللاھۇممە ئەنتەل مۇئىززۇ ۋە ئەنەز زەلىيلۇ پەمەنيەدئۇززەلىلە ئىللەل مۇئىززۇ ئىللا ئەنتە يا رەببي***

**ئاللاھۇممە ئەنتەش شاپىئۇ ۋە ئەنەل مەرىيزۇ پەمەنيەدئۇل مەرىيزە ئىللەش شاپىيئۇ ئىللا ئەنتە يا رەببي***

**ئاللاھۇممە ئەنتەل كاپىييۇ ۋە ئەنەل مەكپىييۇ پەمەنيەدئۇل مەكپىييە ئىللىل كاپىييۇ ئىللا ئەنتە يا رەببي***

# سەييىدۇل ئىستىغپار

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم*

ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لائىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى ۋەئەنە ئەبدۇكە ۋەئەنە ئەلا ئەھدىكە ۋەۋەئدىكە مەستە تەئتۇ ئەئۇزۇبىكە مىن شەررى ماسەنەئتۇ ئەبۇئۇ لەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەبۇئۇ بىزەنبى ئىغپىرلى پەئىننەھۇ لايەغپىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە يا رەببى*

## كەلىمە تەۋھىد

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم

لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ يۇھىيى

ۋەيۇمىيتۇ ۋەھۇۋە ھەييۇن لايەمۇتۇ بىيەدىھىلخەيرى ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر ۋە ئىلەيھىل مەسىر*

## كەلىمە تەمجىد

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم

سۇبھانەللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر ۋەلا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم ماشائاللاھۇ كانە ۋەما لەمىيەشا لەمىيەكۇن*

# قۇرئان كەرىمدىن تاللانغان دۇئالار

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم *

**1.جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم- قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ﷲغا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.**

**2. (پەرۋەردىگارىم!) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى**

كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆزەمنى ئۆزنەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم. يۈكسەك، ئەڭ ئالى، كۆپ ئاتا قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم پاكتۇر. ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات، ئەيتقىنىكى پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادىمىڭگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن. خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن.

كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەندىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەننى ) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن ) چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن »

3.پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەپىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق) بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن) پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن بىزنى كەچۈرگىن بىزگە مەغفىرەت قىلغىن بىزگە رەھىم قىلغىن سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.

4.پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى سەن

(بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىد بولغانلار قاتارىدا قىلغىن.

5.پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن. پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ سەن پاكتۇرسەن بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن بىزنى ياخشىلار قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن.

6.پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن.

7.پەرۋەردىگارىمىز ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا ئاتا-ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىم ئۇلار مىنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! ھىساپ ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا- ئانامغا، مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۆبھىسىز ئىمان ئەيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت

غەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ بىزنى ھىدايەت تاپقۇزغۇچىلاردىن قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق بىزگە مەغفىرەت قىلغىن بىزگە رەھىم قىلغىن سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن.

8.پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن دىلىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن پەرۋەردىگارىمىز سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۈل قىلدۇق ئاخىر قايتىدىغان جاي سىنىڭ دەرگاھىڭدۇر. پەرۋەردىگارىمىز! كافىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ بىزنى كۈتتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن) پەرۋەردىگارىمىز بىزگە مەغفىرەت قىلغىن سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەلەشتۈرۈپ بەرگىن بىزگە مەغفىرەت قىلغىن سەن بولساڭ ھەر نەرسىگە قادىرسەن.

9.پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، بىزنى كەچۈرمىسەڭ بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز. پەرۋەر دىگارىمىز بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پانا تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن. پەرۋەردىگارىم! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مىنىڭ ئىگەمسەن، مىنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مىنى ياخشى بەندىلەر

قاتاريدا قىلغىن* پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭشۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭشۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن*

10.پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھىكمەت ئاتا قىلغىن، مىنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن، مىنى نازۇ نىمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. (خالايىقلار ھىساپ بىرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مىنى رەسۋا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىم! سەن مىنى ماڭا ۋە ئاتا- ئانامغا بەرگەن نىمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مىنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن. پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن. پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مىنىڭ قىرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن.

## ھەدىس شىرىفتىن تاللانغان دۇئالار

11. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىبىلىك زاتسەن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىبىلىك زاتسەن. يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھىچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، بارلىق سەلتەنەت ئاللاھقا مەنسۇپ، جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قۇدرىتى يىتىدۇ. ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن سورايمەنكى،

سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھقا ھەممە موھتاجدۇر، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس. ئى ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ. ئى ئاللاھ! سىنى زىكىر قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇلچىلىق قىلىشىمغا يار يۆلەك بولغايسەن. ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن چىكنىمەس ئىماننى، تۈگىمەس نىمەتنى، ئۈزۈلمەس خوشلۇقنى، مەڭگۈلۈك جەننەتلەرنىڭ ئالى دەرىجىلىرىدە خوجىمىز، پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمەن*

12.ئى ئاللاھ! ماڭا، ئىسىل جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا مۇلاقات بولۇشنى، سېغىنىشنى نىسىپ قىلغىن. ئى ئاللاھ بىزگە بەرگىنىڭنى زىيادە قىلغىن، كەمەيتىۋەتمىگىن، بىزنى ئەزىز قىلغىن، خار قىلمىغىن، بىزگە ئاتا قىلغىن بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، بىزنى ئۈستۈن قىلغىن، تۆۋەن قىلمىغىن، بىزنى مەمنۇن قىلغىن ۋە بىزدىن رازى بولغىن. ئى ئاللاھ سەندىن پايدىلىق ئىلمنى، پاك رىزىقنى، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى سورايمەن.

13.ئى ئاللاھ! ھالال نەرسەڭ ئارقىلىق مىنى ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى مەرھەمىتىڭ بىلەن مىنى ئۆزۈڭدىن غەيرىدىن بىھاجەت قىلغىن. ئى ئاللاھ ساڭا سىغىنىپ گۇناھ ئىشلاردىن ۋە قەرىزدار بولۇپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ غەم قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بىخىللىقتىن، قەرىزنىڭ بىسىۋېلىشىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ خورلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.* ئى ئاللاھ! مەن ئاجىزمەن، مىنى كۈچلۈك قىلغىن، مەن خارمەن، مىنى ئابرۇيلۇق قىلغىن، مەن كەمبەغەلمەن، مىنى باي قىلغىن.

14.ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، ئېغىر ئەھۋالدا قىلىشتىن، بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قىلىشتىن، بالا قازاغا يولۇقۇپ قىلىشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خوش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ ماڭا پايدىلىق نەرسلەرنى بىلدۈرگىن،

ماڭا بىلدۈرگەنلىرىڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن. ئى ئاللاھ! مېنى ھايات قالدۇرىدىكەنسەن، ئىشلىرىمنى گۈزەللەشتۈرگىن، جېنىم تېنىمدە بولسىلا مېنى ئامان قىلغىن، ماڭا بەرگەنلىرىڭگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، نېمەتلىرىڭنى مەندىن كەتكۈزىۋەتمىگىن، مېنى قەبرى روھ قىلساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن، قەبرىدىكى يالغۇزلۇقۇمدا ماڭا ھەمراھ بولغىن، مەندىن ھېساپ ئالماقچى بولغىنىڭدا ماڭا مەرھەمەت قىلغىن، سەن مېنى ھىدايەت قىلدىڭكى ئىماندىن ئاجراتمىغىن. ئى ئاللاھ! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن، ماڭا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى نېسىپ قىلغىن، ماڭا باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى ماڭا نېسىپ قىلغىن.

15.ئى ئاللاھ! ياخشىلىقنىڭ بۇرۇنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم بولسۇن ھەممىسىنى سەندىن سورايمەن، يامانلىقنىڭ بۇرۇنقىسى بولسۇن كېيىنكىسى بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم بولسۇن ھەممىسىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ياكى ھەركەتنى سورايمەن، ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن ۋە دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ھەركەتلەردىن پاناھ تىلەيمەن. بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەندىن سورىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ يامىنىدىن پاناھ تىلەيمەن، شۇنداقلا مېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىشىڭنى تىلەيمەن.*

16.ئى ئاللاھ! سەندىن تولۇق نېمىتىڭنى، ئومومىي رەھمىتىڭنى، ئۈزۈلمەس ئامانلىقنى، كەڭ تاشا تۇرمۇشنى، بەختىيار ئۆمۈرنى، تولۇق ئېھسانىنى، كەڭ ئىنئامىڭنى، ئەڭ ياخشى ئەمەلنى، ئەڭ پايدىلىق ئىلىمنى، ۋە كەڭ رىزىقنى تىلەيمىز. ئى غەم قايغۇنى كۆتىرىۋەتكۈچى ئاللاھ! بىشىغا كۈن كەلگەنلەر دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەپقەت قىلغۇچى مېھرىبان زات، سەن ماڭا رەھىمى قىلغۇچىسەن، ماڭا شۇنداق رەھىمى قىلغىنكى، سېنىڭ قىلغان رەھمىتىڭ بىلەن

باشقىلارنىڭ رەھمى قىلىشىغا ھاجىتىم چۈشمىگەي.

17.ئى ئاللاھ! غەيىپنى بىلىدىغان ئىلمىڭنى، يارىتىشقا قادىر قۇدرىتىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ سەندىن سورايكى، ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ياشاتقىن. ئەگەر مەن ئۈچۈن ماماتلىق ياخشى بولسا مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن. ئى ئاللاھ! ماڭا كىشىلەر كۆرىدىغان، كۆرمەيدىغان ھەر قانداق جايدا سەندىن قورقۇشنى، خۇشاللىقىمۇ، غەزەپلەنگەندىمۇ توغرا سۆزلەشنى ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! ماڭا تۈگىمەس نېئمەت، ئۈزۈلمەس خۇشاللىق ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! مېنى قازايى قەدەرگە رازى بولىدىغان بەندىلەردىن قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! ئاخىرەتتىكى تۇرمۇشۇمنى باياشات قىلغايسەن. ماڭا جامالىڭغا قاراش ھوزۇرىنى، سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئىشتىياقىنى ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ مېنى ھەر قانداق زىيانلىق ئىشتىن ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق پىتنىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئى ئاللاھ! ئىچىمىزنى ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەتلىگەيسەن. ئى ئاللاھ بىزنى توغرا يول ئۈستىدە قىلغايسەن، باشقىلارنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلەشنى بىزگە نېسىپ قىلغايسەن.

18.يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر ئىشقا كۈچ قۇدرىتىمىز يەتمەيدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئاللاھ بەندىلىرىگە نازۇ نېئمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئەڭ گۈزەل مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، كافىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ بىز ئىبادەتتە ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايمىز.

19.ئىي ئاللاھ! گۇناھىمنى ۋە نادانلىقىمنى كەچۈرگىن. ئىشىمدىكى ئىسراپچىلىقىمنى ۋە مېنىڭ ھەققىمدە سەن مەندىن ياخشى بىلىدىغان كەمچىلىكلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن. ئىي ئاللاھ مېنىڭ راستىن ياكى چاقچاقتىن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى قەستەن سادىر بولۇپ قالغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئىي ئاللاھ!

مىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەخپى ۋە ئاشكارە شۇنداقلا مىنىڭ ھەققىمدە سەن مەندىن ياخشى بىلىدىغان كەمچىلىكلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ سەن خالىغان كىشىنى تائىتىڭگە مۇۋەپپەق قىلىسەن، خالىغان كىشىنى تائىتىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن، سەن ھەممىگە قادىر زاتسەن. (9467)

20.ئې يەتتە قات ئاسمان ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى! بىزنىڭ ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ رەببى! سەن تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى زاتسەن. سەن ئاۋالسەن، سەندىن بۇرۇن ھېچ نىمە يوق ئىدى. سەن ئاخىرسەن بارلىق مەۋجۇداتتىن كېيىن سەنلا قالىسەن. سەن ئاشكارىسەن، مەۋجۇتلۇقۇڭ دەلىل پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكارىدۇر. سىنىڭدەك ئاشكارە بىرى يوق. سەن يوشۇرۇنسەن، سىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، سىنىڭ زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ. سىنىڭدەك يوشۇرۇن بىرسى يوق. ئى ئاللاھ بىزنى قەرزىدىن قۇتقۇزغىن ۋە كەمبەغەللىكتىن ساقلىغىن.

21.ئې ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەرزدارلىقتىن، گۇناھتىن، دوزاخ ئازابىدىن ، دوزاخ ۋە قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق ياكى كەمبەغەللىك پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن، دەججال پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئې ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى قار ۋە مۇز سۈيى بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىرلەردىن پاكلىغىنىڭدەك قەلبىمنى گۇناھلاردىن پاكلىغىن. مەن بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك يىراق قىلغىن.

22.ئې ئاللاھ ! قۇلىقىمنىڭ ، كۆزۈمنىڭ ، تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ ۋە ئەۋرىتىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئې ئاللاھ! ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئې ئاللاھ نەفسىمنى تەقۋا قىلغىن ۋە ئۇنى پاكلىغىن. ئۇنى يالغۇز سەنلا پاكلايسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى سەن. ئې ئاللاھ! پايدىسىز ئىلىمدىن ، قورقمايدىغان قەلبتىن ، تويمايدىغان نەپسىدىن، قوبۇل بولمايدىغان دۇئادىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

23. ئى ئاللاھ ! سەن مىنىڭ رەببىمسەن، سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق، سەن مىنى ياراتتىڭ، مەن سىنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سىغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سىنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، مىنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلىرىمنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن.

24. ئى اللە! سەن ئاۋۋالسەن، سەندىن بۇرۇن ھېچنېمە يوق ئىدى. سەن ئاخىرسەن، بارلىق مەۋجۇداتتىن كېيىن سەنلا قالىسەن. بارلىق ھايۋانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. گۇناھتىن، ھورۇنلۇقتىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق ياكى كەمبەغەللىكنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغىنىڭدەك، مېنى گۇناھلىرىمدىن تازىلىغىن. ئى اللە! مەن بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدەك يىراق قىلغىن. ئى اللە! سەندىن ئەڭ ياخشى نەرسىنى، ئەڭ ياخشى دۇئانى، ئەڭ ياخشى غەلىبىنى، ئەڭ ياخشى ئەمەلنى، ئەڭ ياخشى ساۋابنى، ئەڭ ياخشى ھاياتنى، ئەڭ ياخشى ئۆلۈمنى تىلەيمەن. ئايىغىمنى ھەقتىن تېيىلدۇرمىغىن. تارازىمنى ئېغىر، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن. نامىزىمنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، جەننەتتىن ئالى ماقامنى سورايمەن. ئامىن! ئى اللە! سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ئامىن! ئى اللە! سەندىن قىلىنغان ئىشنىڭ ياخشىسىنى، قىلىنغان ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلىنغانىنىڭ ياخشىسىنى، جەننەتتىن يۇقىرى ماقامنى تىلەيمەن، ئامىن ! ئى اللە! شەنىمنى يۇقىرى، يۈكۈمنى يەڭگىل، ئىشىمنى توغرا، قەلبىمنى پاك قىلغىن. ئەۋرىتىمنى ساقلىغىن، قەلبىمنى نۇرلاندۇرغىن. ئى اللە! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن. سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي ماقامنى تىلەيمەن، ئامىن ! ئى اللە! مېنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!

# ئىلىم ئەھلىنىڭ دۇئالىرى

ئى پەرۋەردىگارىمىز! زاتىڭنىڭ ئۇلۇغلىقى، پادىشالىقىڭنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق ھالدا بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ساڭا بولسۇن! جىمى ھەمدۇ ـ سانا الله غا خاس! ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان الله غا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! كۈن ـ تۈننى ياراتقان الله غا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! بىزنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان الله غا ماختاشلار خاستۇر، الله بىزنى ھىدايەتكە باشلىمىغان بولسا بىز ھىدايەت تاپالماس ئىدۇق... ئىسلام ، ئىمان ۋە قۇرئان ئاتا قىلغان الله غا گۈزەل مەدھىلەر بولسۇن! ئى الله ! خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىلار ئىچىدە رەھمەت ـ بەرىكەت ياغدۇرغىن! ئۇنىڭغا كېيىنكىلەر ئىچىدىمۇ رەھمەت ـ بەرىكەت ياغدۇرغىن! قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر ئارىسىدا رەھمەت بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن! ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن! ئەيىپلىرىمىزنى ياپقىن! ئاجىزلىقىمىزغا رەھمى قىلغىن! كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلىغىن! نامە ـ ئەمەللىرىمىزنى ئوڭدىن بەرگىن! ھېسابىمىزنى ئاسان قىلغىن! ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن! بىزنى دوزاختىن ئازات قىلغىن! بىزدىن رازى بولغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، بىز سەندىن جەننەتنى سورايمىز، دوزاختىن قوتقۇزۇشۇڭنى تىلەيمىز! ئى الله! بىزنى ئەھلى جەننەت قاتارىغا پۈتكىن! بىزگە رەھىم قىلغىن، چۈنكى سەن بىزگە رەھىمدىلسەن. ئى، ماڭا دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن دېگۈچى زات! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! ئى سۆيۈملۈك الله ، ئى رەھىم شەپقەتلىك الله، ئى بىزگە يېقىن الله، ئى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى الله ! ئى، ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك ئىگىسى الله، بارلىقىمىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمىز، ئى بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ئاللاھ! مۇسۇلمان

ياشلىرىنى ھىدايەتكە باشلىغىن، مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرىنى ھىدايەتكە باشلىغىن! ھەممىمىزدىن رازى بولغىن! بارلىق ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن. بىزنى دوزاختىن يىراق قىلغىن. ئازغۇنلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. بارلىق گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇۋەتكىن. بىزنى ئۆزەڭ رازى بولىدىغان يولغا باشلىغىن. ئى اﷲ! بىزنى دۇنيادىن ياخشىلىق بىلەن ئېپكەتكىن. بىز ساڭا ئاسى بولۇپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىشىڭنى سورايمىز. شېھىت ھالىتىدە ئۆلۈشنى سەندىن تىلەيمىز. ئۆلگەندىن كېيىن بەخت ـ سائادەتلىك جەننىتىڭنى ئارزۇ قىلىمىز. ئى اﷲ ! بىز سەندىن بەختلىك ياشاشنى، شېھىتلەردەك ئۆلۈشنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەمرالىقىنى، دۈشمەنلەرگە قارشى ياردىمىڭنى سورايمىز. ئى اﷲ! بىز خار ھالەتتە ئالدىڭغا بېرىپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. تەۋبىمىزنى سېخىلىق سۈپىتىڭ بىلەن قوبۇل قىلىۋەتكىن. بىزگە تەۋبىنى چىرايلىق كۆرسەتكىن. بىزنى ئالدىڭغا ئاق يۈزىمىز بىلەن ئېلىپ كەتكىن. دۇنيادا ئېزىپ سەندىن غاپىل قېپقىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئى اﷲ! سەن بىزنى ئۇنتۇپ قالمىساڭمۇ، بىز سىنى ئۇنتۇپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. سەن بىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلىۋاتساڭمۇ، بىز ساڭا ئاسى بولاۋاتىمىز. سەن بىزدىن بىھاجەت تۇرۇپمۇ، رەھمىتىڭنى بىزدىن ئايىمايۋاتىسەن. بىز ساڭا مۇھتاج تۇرۇپ يەنە ساڭا ئاسى بولاۋاتىمىز. ئى اﷲ ! مىسكىنلەرنى ئەپۇ قىلغىن، ئاجىزلارغا رەھىم قىلغىن، ئاسى بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكىن! تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ئى اﷲ! سەندىن باشقا بارلىق ئارزۇلىرىمىزنى بىزدىن يىراق قىلغىن. سىنىڭ يولۇڭدىن باشقا بارلىق يوللارنى بىزگە تاقىۋەتكىن. سەندىن باشقا بىزنىڭ ھېچقانداق پەرۋەردىگارىمىز يوق. ئى اﷲ!

دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىپ بىزنى رازىلىقىڭغا ئېرىشتۈرگىن. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسى ئاللاھ! ئى مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق ئىگىسى ئاللاھ! بىزگە ساڭا زىكرى ئېيتىشقا، شۈكرى قىلىشقا ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىشقا ياردەم قىلغىن! سېنى رازى قىلىدىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشىمىزغا، بىزنى چەيلەيدىغان ۋە سېنى رازى قىلمايدىغان ئىشلاردىن يىراقلىشىشىمىزغا ياردەم قىلغىن! ئى قەلبلەر ۋە كۆزلەرنى باشقۇرغۇچى ئاللا ! قەلبىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇرىغىن! سەندىن ئىشلاردا مۇستەھكەم بەرقارارلىقنى ۋە ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى تىلەيمىز. نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىشنى، ساڭا قىلغان ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇنداشنى سورايمىز. سەندىن ساغلام دىلنى، راستچىل زىكرىگۈي ۋە شۈكرىگۈي دىلنى سورايمىز. سەندىن سەن بىلىدىغان ياخشى نەرسىلەرنى سورايمىز، سەندىن سەن بىلىدىغان يامان نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ، بىزنى روشەن ھەقىقەت ئۈستىدە بىز ساڭا يولۇققىچە مۇستەھكەم قىلغىن! ئى ئاللاھ! ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە بىزنى دىنىڭدا چىڭ تۇرغۇزغىن! بىزنى دۇنيادىن ياخشىلىق ئۈستىدە ئايرىغىن، دۇنيادىن بىزنى دۇنيا بۇلغىماستىن بۇرۇن ئېلىپ كەتكىن! بىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، بىزگە ياردەم بەرگىن، ھەر- بىر ئىسلام يۇرتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم بەرگىن! ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلغىن، جاسارەتلىرىنى ئۆستۈرگىن! ئى ئاللاھ، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن! ئامىن.!

### «ئىلاھى قورغان دۇئا» ناملىق كىتاپتىكى ئەھلى سالىھلارنىڭ دۇئاسى

ئى ھەمدۇساناغا تولىمۇ ھەقلىق، مەدھىيەگە تامامەن لايىق ھەم سازاۋەر بولغۇچى ئىگەم ئاللاھ! ساڭا ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ سانچىلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سېنى

چىن قەلبىمدىن مەدھىيىلەيمەن ۋە ھىدايەتنىڭ مەشئىلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

ئى ئاللاھ! ئى ئاللاھ! بارلىق ئىشلىرىمنىڭ كاپالىتى بولغان دىنىمنى مېنىڭ ئۈچۈن تولۇقلاپ بەرگىن. مەئىشىتىم بولغان دۇنيالىقىمنى مېنىڭ ئۈچۈن ياخشىلاپ بەرگىن. قايتىدىغان جايىم بولغان ئاخىرەتلىكىمنى مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى قىلىپ بەرگىن. مېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خورلۇقلىرىدىن ساقلىغىن.

ئى زەررىچىلىك ياخشىلىقنىمۇ مۇكاپاتسىز قالدۇرمايدىغان كەرەملىك ئاللاھ! ئىككى قوللاپ بېشىم ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ساڭا تۇتقان بۇ ئىخلاسىمنى قوبۇل قىلغىن! شۇ ئىخلاسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇلۇغ دىنىڭغا خىزمەت قىلىش ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش يولىدا سىڭدۈرگەن بۇ ئەرزىمەس مېھنىتىمنى مۇكاپاتسىز قويمىغىن!

ئى ئىخلاس بىلەن مۇھەببەتكە تولۇق سازاۋەر ئاللاھ! ماڭا ئىخلاسنى ۋە ئىزگۈ نىيەتنى زىيادە قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئەمەللىرىمدە سېنىڭ رازىلىقىڭ ۋە سېنىڭ مۇكاپاتىڭنىلا تىلەيمەن، بەندىلىرىڭنىڭ قوللىرىدىكىدىن قىلچە تامايىم يوق. چۈنكى ئۇلار قانچە قىلسىمۇ سەن بەرگەننىڭ مىڭدىن بىرىنى بېرەلمەيدۇ. بەندىلىرىڭنىڭ ماختىشى، قوللىشى ۋە ئىنئام قىلىشى ھەرگىزمۇ مېنىڭ مۇددىئايىمدىن ئەمەس. ئى ئاللاھ! بارچە تامايىم، ئارزۇ ـ ئارمىنىم ۋە تىلىكىم پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىكىسىگە قارىتىلغاندۇر. سېنىڭ قولۇڭدىكىسىلا ماڭا يېتەرلىكتۇر.

ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ۋە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچى ئاللاھ! قەلبىمگە رىياكارلىقنىڭ پاسكىنا تۇزانلىرىنى، تاماخورلۇقنىڭ رەزىل

ئىللەتلىرىنى ھەرگىز دارىتمىغىن! بۇ ئىككى ھالاكەتتىن مېنى قەتئىي يىراق قىلغىن. ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، كەمچىلىكلىرىمنى كەچۈرگىن ۋە مېنى ئۆلگىلىك بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن!

ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ، مۇسۇلمان خەلقىمگە خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا بۇ مۇقەددەس دىنىڭنى يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، يېتەرسىز ئىلمىم ۋە يېتىلمىگەن قابىلىيىتىمگە تەن بەرمەي قىلغان بۇ ئاددى ئىشىمنى دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇنى مۇسۇلمان خەلقىم ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بەرگىن.

ئى بىچارىلەرنىڭ يېگانە يۆلەنچۈكى ۋە تايىنىدىغان بىردىن ــ بىر باشپاناھى ئاللاھ! غۇربەت كوچىلىرىدا تىڭىرقاپ يۈرگەن، يۈركلىرى دەرت ــ ئەلەملەر بىلەن تولغان، چىرايلىرى ساماندەك سارغايغان، بىر قېتىممۇ يۇخادىن چىققۇدەك كۈلەلمىگەن، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ماكانسىزلارغا ئايلىنىپ قالغان ۋە ئۆمرىنىڭ باھار چاغلىرى سەرسانلىقتا بىھۇدە نابۇت بولۇشقا يۈز تۇتىۋاتقان ياشلىرىمىزغا پاناھ بەرگىن، ئۇلارنى نائۇمىت قىلمىغىن، ئۇلارنى ئارمانلىرىغا قاندۇرغىن ۋە ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت بۇلىقى قىلىپ بەرگىن.

ئى مۇساپىرلارنىڭ قولدىشى ئاللاھ! مۇساپىرلىقتا، سەرسانلىقتا مۈكچەيگەن بەللىمىزنى رۇسلىۋېلىشىمىزغا مەدەت بەرگىن، سارغايغان چىرايلىرىمىزنى ئۇلۇغ پەزلىڭ بىلەن كۈلدۈرگىن، چۈشكۈن روھىيىتىمىزنى رەھمىتىڭ بىلەن كۆتەرگىن، بىزنى بارچە غەملىرىمىزدىن خالاس قىلغىن، ئۇقۇغانلىرىمىزدىن مېۋە بېرىش پۇرسىتىنى بىزگە ئاتا قىلغىن.

ئى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى مۇشتاقلىقتىن تولا يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئاتىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن شەپقەتلىك ئاللاھ! ھىجران كوچىلىرىدا سۆيگەنلىرى ئۈچۈن تەلپۈنۈپ ئالدىراپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلەرنى سۆيگەنلىرىگە يەتكۈزگىن.

ئى ئاللاھ! غۇربەت كوچىلىرىدا يورۇق دۇنياغا ئىختىيارسىز كۆز ئېچىۋاتقان كىرسىز پاك قۇندۇزلىرىمىزغا ئاتىلىرىنىڭ كۈنلىرىنى كۆرسەتمىگىن، يۇرتسىزلىق بىلەن غۇبەتچىلىكنىڭ دەرتلىرىنى ئۇلارغا ھەگىز چەكتۈرمىگىن ۋە ئۇلارنىڭ كېلىچىكىنى ئاتىلىرىنىڭكىدىن پارلاق قىلغىن!

ئى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى نەمرۇدنىڭ ئوت دۆۋىسىدە كۆيدۈرمەستىن ساقلاپ قالغان ئاللاھ! سىنىڭ ئۇلۇغ دىنىڭنى خۇددى چوغنى تۇتىۋاتقاندەك تەسلىكتە تۇتۇپ تۇرىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەدەت بەرگىن!

ئى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئىمان بىلەن تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن قۇدرەتلىك ئاللاھ! زامانىمىز پىرئەۋنلىرىنىڭ خۇداسىزلىق تەربىيسىگە زورلىنىۋاتقان ئاپئاق قۇندۇزدەك پاك سەبىيلەرنىڭ خۇددى ئاپئاق قەرغەزدەك كىرسىز پاك قەلبلىرىگە ئىمان نۇرىنى بەخش ئەتكىن!

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئەرشىڭنى تىترىتىۋاتقان ئاھۇ ـزارلىمىزنى تىڭشىغىن! چىكى يوق ئەلەملەردە قېتىپ كەتكەن گۇناھكار بېشىمىزنى ئەپۇ ـ رەھمىتىڭ بىلەن سىلىغىن! قاچانلاردىن ساڭا قاقشاپ، تولا يىغلاپ، قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرىمىزنى ئەمدى بىر شاتلىق ياشلىرىدا نەملىگىن!

ئى خەستە جىسمىغا سۈرەت، سۈرەتكە بايان، بايانغا مۇقەددەس تەپەككۇر

پەرۋازى بەخش ئەتكۈچى ئاللاھ! بىزگە رەھىم قىلغىن! ئەجداتلىرىمىزدىن، شۇنداقلا يەنە بىزدىن ئۆتەلگەن ھەم ئۆتىلىۋاتقان ئىختىيارىي ـ ئىختىيارسىز، چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە بىزگە ھىدايەت، ئىلىم ـ ھېكمەت بەرگىن! چۈنكى سەن ئەڭ شەپقەتلىك مەغپىرەت قىلغۇچى، ئەڭ كۆپ ئەپۇ قىلغۇچى ۋە ئەڭ كەرەملىك بەرگۈچى بىردىن ـ بىر پەرۋەردىگارىمىزسەن.

ئى كىچە جىسمىنىڭ قاقشال ئېتىزلىرىغا تاڭ ئۈمىتىنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ مايسىلىرىنى كۆكلەتكۈچى مېھرىبان ئاللاھ! قىسمىتىمىزدىن كۆكلەۋاتقان پايانسىز كېچە سۈكناتلىرىنى ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى بىلەن يورىتىۋەتكىن! بۇ زۇلمەتلىك دەۋرىمىزدە يېڭى ئۇقۇم مەشئەللىرىگە ئايلىنىپ، بىزدىكى تىڭىرقاش، ۋەھىمىلەرنىڭ شەپقەتسىز، سوغۇق شىۋىرغانلىرىنى يىراقلارغا سۈرۈپ تاشلىيالايدىغان يالقۇنلۇق جاسارەت قوياشى ئاتا قىلغىن! بىزنىڭ قۇپ ـ قۇرۇق ئېتەكلىرىمىزنى مۇراد شەبنەملىرىنىڭ ھاياتلىق ئۈنچىلىرىگە تولدۇرغىن.

ئى روھقا بەدەن، بەدەنگە قانلار راۋانى ئاتا قىلىپ، راۋانلىقتا يۈرەكلەرنى ھەركەتلەندۈرگۈچى شەپقەتلىك ئاللاھ! سەن بىزنىڭ بىردىن ـ بىر مەدەتكارىمىز ۋە ھەقىقىي تەنھا تايانچىمىزسەن. بىزنى بەخت قوياشىغا يولداش قىلغىن! ئازابتىن ئۇخچىغان قان ئېقىنلىرىدا ھاياتلىق تۈگمەنلىرىنى ماڭدۇرۇپ، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەنلا مۇڭدىشىپ ياشاۋاتقان قەھرىمان ئانىلىرىمىزنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىنى ئاچلىق ۋە مۇھتاجلىقنىڭ ئىپلاس مۇڭلىرىدىن ئازات قىلغىن! قىممەتچىلىك چاقناپ تۇرغان ئەينەك جازىلاردىكى قورچاقلارغا تەلمۈرۈپ، تىرناق تاتىلاۋاتقان بىچارە بالىلىرىمىزنىڭ

ئوماق چىرايىنى مەيۈسلىك تۈزانلىرىدا خىرەلىشىشتىن ساقلىغىن! ئاشۇ بىگۇناھ ، يوقسىز ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى باھار رەڭگىدە بېزەپ، دادىلارنىڭ قاتمال كۆكرەكلىرىگە چىڭ يېپىشقىنچە شىم، كۆينەكنىڭ ۋەيرانە يانچۇقلىرىدىن كۈتىشۋاتقان ئۈمىت تەڭگىلىرىنى مەڭگۈ چاقناشتىن توختاتمىغىن!

ئى قەلبىلەرگە قايناق ھىسلارنى، ھىسلارغا ئاجايىپ خۇشپۇراق ھىدلارنى ئاتا قىلغۇچى ھېكمەتلىك ئاللاھ! جىسمىمىزنى چىرماپ، ھەر نەپەستە شەكىل ئۈستىگە شەكىل ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان نەپرەتلەردىن بىزنى يىراق قىلغىن! تەبىرسىز چۈشلەرنىڭ ئالۋۇنلۇق يالقۇنلىرىدا قىز- ئاياللىرىمىزنى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغىن! تارازا تۇتقان قوللارنى ۋە تارازىدا تارتىلىۋاتقان بەدەنلەرنى ھالال رىزىققا مۇيەسسەر قىلغىن! ئۆزىنىڭ بىمۇراد ئارمانلىرىنى يېرىم جان جىسمىغا دەپنە قىلىپ، ئىشرەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئويۇن ـكۈلكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن يېقۇلغۇ بولۇشقا مەجبۇرلىنىۋاتقان جاپاكەشلىرىمىزنىڭ ھوسۇلسىز تەرلىرىنى چىن ئىھتىرامغا ئىگە قىلغىن! ئۇلارنى چېكى يوق تارىخنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان پىلسىرات كۆۋرىكىدىن يالاڭ ئاياق ئۆتتۈشتەك ئازابتىن ساقلاپ قالغىن! رەزگە تاماخورلۇققا بېرىلىپ، بۇلغانغان غۇرۇرىمىزنى ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ مۇقەددەس ھەۋزى كەۋسەرلىرىدە غۇسلى قىلدۇرغىن!

ئى ھەرپتەك مۇقەددەس نېمەتتىن ئۇلۇغۋار ئىجادىيەت ئابىدىلىرىنى تىكلىگۈچى كۈيۈمچان ئاللاھ! سەن بىزنىڭ تەنها پەرۋەردىگارىمىزسەن، ئاھۇ ـ زارلىمىزنى ھەممىدىن ئىلگىرى تىڭشىغۇچى، بىزگە قان تومۇرلىرىمىزدىنمۇ بەكرەك يېقىن تۇرغۇچى رەھىم شەپقەتلىك ئىلاھىمىزسەن، ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ

خۇشپۇراق جەۋھەرلىرى بىلەن ھاياتلىق گۈلزارلىرىدىكى نەۋقىران غۇنچىلىرىمىزغا ھۆسۈن قوشىۋاتقان ئۇستازلىرىمىزنى مەنىسىز ھايات كەچۈرۈش بەختسىزلىكىدىن يىراق قىلغىن! ئۇلارنى خار ـ زەبۇنلۇق خارابىلىرىدە ئىز ـ دېرەكسىز يوقۇلۇشتىن ساقلىغىن! جاھالەتكە پۈركەنگەن گۈمبەز مۇنارلىرىمىزدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئەزانلىرىنى ياڭراتقىن!

ئى زامان ۋە ماكانلار ئارىسىدا مۇساپىلەرنى ئورناتقۇچى، بېسىلغان قەدەملەرگە جۇشقونلۇق، مۇساپىلەرگە مۇشتاقلىق ئاتا قىلغۇچى قەدىردان ئالالاھ! بىزنى سەپەرسىز ھەم مەنزىلسىز مۇساپىلەرنىڭ ئازابلىرىدىن ساقلىغىن! ئەگرى يوللاردا راۋان ھارغىن قەدەملىرىمىزنى خىجالەت توزانلىرىدىن پاكلىنىشقا تەۋپىق قىلغىن! ئازغۇنلۇقتا مۈكچەيگەن ئەما سەۋرچانلىقىمىزنى يول ئۈستىدە دەلدۈكۈشتىن ساقلاپ، قەددىنى ھەم يوللىرىنى رۇسلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن!

ئى مۇھەببەتنىڭ سەرچەشمىسى، مىسكىن كۆزلەرنى شىرىن چۈشلەر بىلەن چاقناتقۇچى سۆيۈملۈك ئالالاھ! بۇرۇقتۇم كۆلبىمىزگە ئەرشىڭنىڭ مۇھەببەتلىك مەيىن شامالىرنى باشلايدىغان كۆڭگىرلەرنى ئاچقىن! نەپرەتنىڭ قىڭغىر بارماقلىرىدا ئىلانگۈچ ئۈچىۋاتقان مۇئەللەق قەدەملىرىمىزنى ئىمان ۋە ئىخلاسنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرىدا مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلغىن! ئانا رەھمىدە پاك، مىننەتسىز قانلارنى شۈمۈرگەن قىز، ئوغۇللىمىزنىڭ قەلبلىرىنى چىن ئىمان ۋە مۇھەببەتنىڭ قايناق بۇلاقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگىن!

ئى قوپال ـ قاتمال تىللارغا پىلىدەك يۇمران بايان ئاتا قىلغۇچى ئالالاھ! بايانىڭ مۇنبەت ئىبتىزلىرىغا يېڭى ئۇقۇم مايسىلىرىنى كۆكلەتكىن! باھاردەك نەۋقىران ئۆمرىنىڭ ئاق ۋاراقلىرىغا پارلاق ئىستىقبالىنى پۈتىۋاتقان

ياشلىرىمىزنىڭ غۇبارسىز، پاك جىسمىنى نائۇمىتلىك داغلىرىدا كىر بولۇشتىن ساقلىغىن! ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالقانلىرىنى جاھالەت پرىنسىپلىرى جاراھەت قىلىشتىن ئىلگىرى زامان گەردىشىنىڭ ئۇزەڭگىلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان قىلغىن!

ئى بارلىق نىدالارنى تىڭشىغۇچى ئاللاھ! بىزنىڭ ساداسىز نىدالىرىمىزنى ئاڭلىغىن! ئۈمىت چاڭقاقلىقىدا يېرىلغان لەۋلەرگە ۋىسال شارابى، تېرىك كۆمۈلگەن جاسارەت ھەم شجائەتلەرگە ساما پەرۋازى ئاتا قىلغىن! ھىس تۈيغۇلىرىمىزدىكى پىنھان ئارمانلارنىڭ تىلسىملىرىنى يېشىپ، مەيۈسلىكنىڭ نامرات يوللىرىغا يېڭى بەخىت فۇنتانلىرىنى ئورناتقىن!

ئى بىر لەھزىدە بەخىت ياراتقۇچى ئاللاھ! كەلگۈسى لەھزىلەرنى ئۈزىغان لەھزىلەردىن پارلاق قىلغىن! ئۇنى جەبىر - زۇلۇملارنىڭ مۇشەققەتلىك پەسىللىرىدە پىشىپ يېتىلگەن مەڭگۈلۈك ۋىسال باھارى سۈپىتىدە ئەۋلاتلىرىمىزغا مەنسۇپ قىلغىن!

ئى دەرتمەنلەرنىڭ غەمگۇزارى، ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى ئاللاھ! سەنلا بىزنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىمىزسەن، قايغۇ -ھەسرەت زۇلمەتلىرىدە سەنلا بىزنىڭ نۇرلۇق قوياشىمىزسەن، زۇلۇم، تەھدىت، ۋەھىملەردە سەنلا بىزنىڭ سەبىر، تاقەت، قەلب تەسكىنىمىزسەن، دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچ قانداق يۆلەنچۈكىمىز يوق.

ئى بىچارىلەرنىڭ نالە -پەريادلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ئۇلارنىڭ قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلغۇچى، بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن تۇرغۇچى، مېھرى - شەپقەتلىك، قەدىردان ئاللاھ! دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خورلىنىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ

دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولغىن. زالىملارنىڭ ئۇلارنى خورلىشىغا، كەمسىتىشىگە ۋە بوزەك قىلىشىغا يول بەرمىگىن.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇسرەت بەرگەن ۋە ئۇنىڭ شەنىنى يۈكسەلتكەن ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى بولغان ئىسلام مىللىتىگە نۇسرەت بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى ئۈستۈن قىلغىن!

ئى مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى ئاللاھ! دىنىمىزغا نۇسرەت بەرگىن، مۇسۇلمانلارنى قايتا ئېزىزلىققا ئېرىشتۈرگىن، ئۇلارنىڭ يۈتىرىپ قويغان سەلتەنىتىنى بىلەن پارلاق ئالتۇن دەۋرىنى قايتۇرۇپ بەرگىن!

ئامىين ! ئامىين ! ئى سوزۇلغان قوللارنى قۇرۇق قايتۇرمايدىغان كەرەملىك ئىلاھىم ئامىين !

ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىش، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللاش، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، ھەمدە تاقىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغان مۆمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك ئامانلىق ۋە يوقىرى مەرتىبىلەر تىلەش بىلەن تۈگىتىمەن.

**دىققەت!!!ئىككى ئالەم بەخت سائادتى ، تۈرلۈك كىسەللىك ۋە ھاجەتلەر ئۈچۈن بۇ خەتمنى، دۇئالارنى ئوقۇغان ئادەم شەرىئەت تۇتمايدىغان ياكى يالغانچى كاززاپلىق بىلەن ئەھلى مۇسۇلمانلىق سالاھىيتىنى سۈيئىستىمال قىلىپ جان باقىدىغان، نامەھرەملەرنىڭ تەنلىرىنى تەكشۈرۈش، داۋالاش باناسى بىلەن سىلايدىغان مۇجۇقلايدىغان**

**تۆۋپ نامدىكى كىشلەرنىڭ، جىنكەش پىرخۇن، پالچى دىگەنلەرنىڭ قىشغا بارماسلىقى، شىپاھنى ئاللاھ تائالادىن، ئاللاھ تائالانىڭ ھالال گىيالىرىدىن، ئاللاھ تائالا تىبابەت ئىلمىنى بىلدۈرگەن مەخسۇس كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ داۋالىشىدىن ئىزدىشى لازىم. ئىنشائاللاھ ، شۇنىڭ بىلەن ھاجەتلەر راۋا تاپقاي. ئامىن.**

**قىرىنداش، دوس بۇرادەرلەر سەمىگە:**

بۇ مەجمۇئەدىكىلەر بىر «ئىلاھى قورغان» دۇر. بۇ ئەمەللەرنى چىن ئىخلاس، ئەقىدە بىلەن خالىس ئاللا ئۈچۈن قىلىسىڭىز باقى ۋە پانى ئۈچۈن بولغان مەقسەت تەلەپلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشقۇسى. بۇ ئەمەللەرنى، دۇنيالىقنىلا كۆزلەپ قىلسىڭىز دۇنيالىق مەقسەت ئارزۇلىرىڭىزلا ئەمەلگە ئاشقۇسى، ئەمما ئاخىرەتتە نىسىۋگە ئىرىشەلمەيسىز.

مەخمۇئەنى ئاسراپ، پاكىزە، ئوبدان ساقلاڭ. تونۇش بىلىشلەرگە خالىغانچە كۆپەيتىپ بەرمەڭ. سىزدىن كىيىن پەرزەنتلىرىڭىز ياكى قىرىنداشلىڭىز ئارىسىدىكى ئەقىدە ئىخلاسى ساغلام تەقۋا كىشلەرگە ۋەسىيەت بىلەن ھەدىيە قىلىپ بىرىڭ. پاسىقلىق، كاھىنلىق، مۇناپىقلىق سۈپەتىرى بولغان كىشلەرگە بىرىشتىن ئىھتىيات قىلىڭ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە رەھمەت قىلسۇن. ئامىن!

**ئىسلامىي قىرىندىشىڭىز: ئىبنى ئابدۇقادىر ئابىد**

مىلادىيە 2015 -يىلى 6- ئاي

ھىجرىيە 1436- يىلى شەئبان

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم!**

**ئالتە باسقۇچلۇق ئىسلام قىرائەتخانىمىزغا كىرگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز!**

**ئەل-ئاۋام ئالتە باسقۇچلۇق ئىسلام قىرائەتخانىسى**

قىرائەتخانىمىزدىكى كىتاپلارنى ئۆگىنىشنىڭ باسقۇچ، تەرتىپ، ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى-تەخمىنەن 100ئاي، يەنى 8 يىل.

**بىرىنچى باسقۇچ- ئىسلام تەلىماتى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش.**

بۇنىڭدا ئىسلام تەلىماتىنىڭ 1-2-3- 4-جىلدلىرى كۈنىگە 5 بەتتىن 24 ئاي ئۆگىنىلىدۇ.

**ئىككىنچى باسقۇچ- تەپەككۇرنى ئېچىش، ئىسلامىي ھىسسىيات يېتىلدۈرۈش.**

1. دىنىمنى ئۆگىنىمەن مەجمۇئەسى ( كۈنىگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
2. مىنىڭ گۈزەل دىنىم مەجمۇئەسى ( كۈنىگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
3. قەلب سادالىرى مەجمۇئەسى( كۈنىگە 10 بەتتىن 2 ئاي)

**ئۈچىنچى باسقۇچ- تەرجىمال، تارىخ، تەزكىرەلەرنى ئۆگىنىش.**

1. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى(كۈنىگە 10 بەتتىن 2ئاي)
2. شىرىن بۇلاق(كۈنىگە 10 بەتتىن 2ئاي)
3. ئىزباسار تۆت خەلىپە (كۈنىگە 15 بەتتىن بىر ئاي)
4. ساھابىلار ھاياتىدىن تاللانمىلار 1-2-قىسىم (كۈنىگە 20 بەتتىن 2 ئاي)
5. ئايال ساھابىلار (كۈنىگە 10 بەتتىن بىر ئاي)

**تۆتىنچى باسقۇچ- ھەدىس ئۆگىنىش .**

جامىئۇل فەۋائىدتىن تاللانغان سەھىھ ھەدىسلەر 1-2-قىسىم (كۈنىگە 5 بەتتىن تەخمىنەن 12 ئايدىن 18 ئايغىچە)

**بەشىنچى باسقۇچ- قۇرئان ۋە تەپسىر ئۆگىنىش .**

1. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى ( كۈنىگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
2. نىدا ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى( كۈنىگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
3. تەپسىرى ئىبنى كەسىر1- قىسىمدىن 6- قىسىمغىچە ( كۈنىگە 5 بەتتىن 24 ئاي)
4. ئايەتۇل ئەھكام 1-2- قىسىم ( كۈنىگە 10 بەتتىن 4 ئاي)

**ئالتىنچى باسقۇچ- ئومۇملاشتۇرۇپ تەكرارلاش.**

1. «ئىسلام تەلىماتىدىن سۇئال- جاۋاپلار» (كۈنىگە 10 بەتتىن 8 ئاي)
2. روھىدىن ئىسلام ( كۈنىگە 10 بەتتىن 2 ئاي)
3. دىن ۋە ھايات ( كۈنىگە 10 بەتتىن 2 ئاي)

ھەممەمىزگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!

**مىلادىيە 2015- يىل5- ئاي**

**ھىجرىيە 1436- يىلى رەجەپ**